جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات جەمئىيىتى ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى

پۇل سىياسىيسى «ئامېرىكىچە دېموكراتىيە»نىڭ ساختا قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات جەمئىيىتى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «پۇل سىياسىيسى ‹ئامېرىكىچە دېموكراتىيە›نىڭ ساختا قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، پۇل سىياسىيسىنىڭ ئامېرىكا سىياسىيسىدا قارمۇقارشىلىق ئۆتكۈر، جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشى ئېغىر بولۇشتىكى مۇھىم سەۋەب ئىكەنلىكىنى پاش قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بايلار قاتلىمىنىڭ ئامېرىكا سىياسىيسىغا بولغان تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيدى، ئادەتتىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەسىر كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاشتى، پۇل سىياسىيسى ئامېرىكا دېموكراتىيەسىنىڭ ساختا بىر تەرىپىنى ئاشكارىلىدى.

«پۇل ـــ سىياسىينىڭ ئانا سۈتى» دېگەن كەڭ تارقالغان بۇ بىر جۈملە تەبىر ھازىرقى زامان ئامېرىكا سىياسىيسىنىڭ ماھىيىتىنى دەل جايىدا ھەم ئۆتكۈر ئېچىپ بەردى. ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۇل ئامېرىكا سىياسىيسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا لىق تولغان بولۇپ، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى يوقاتقىلى بولمايدىغان جاھىل كېسەل بولۇپ قالدى.

سايلام جەھەتتە، ئامېرىكىنىڭ پۇل سىياسىيسى سايلامنى بايلار قاتلىمىنىڭ «يالغۇز كىشىلىك ئويۇنى»غا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ماقالىدە مۇنداق تونۇشتۇرۇلدى: 21 - ئەسىردىن بۇيان، ئامېرىكىدىكى ئىككى پارتىيەنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتلىرىنىڭ سايلام خىراجىتى 2004 - يىلدىكى 700 مىليون دوللاردىن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ 2012 - يىلدىكى 2 مىليارد دوللارغا يەتكەن. 2016 - يىلى، زۇڭتۇڭ سايلىمى ۋە دۆلەت مەجلىسى سايلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامېرىكا ئومۇمىي سايلامغا جەمئىي 6 مىليارد 600 مىليون دوللار كەتكەن بولۇپ، ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ قىممەت سىياسىي سايلام بولۇپ قالغان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۇرغۇن مەخپىي مەبلەغ ۋە «يوشۇرۇن پۇل»مۇ ئامېرىكىنىڭ سايلام پائالىيەتلىرىگە ئىشلىتىلدى. ئامېرىكا مەملىكەتلىك رادىيو شىركىتى ئاخبارات تورىنىڭ 2018 - يىلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ پايدا ئالمايدىغان كۆپ ساندىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئىئانە مەنبەسىنى دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىغانلىقى سايلام مەبلىغىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتكەن. تاشقى تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەت مەجلىسى سايلىمىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىنىڭ 40%دىن كۆپرەكىگە مەخپىي ئىئانە قىلغۇچىلار ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن ئىكەن.

ماقالىدە مۇنداق قارالدى: ئامېرىكا پۇل سىياسىيسىنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولۇپ، ئادەتتىكى پۇقرالارنى سىياسىي ھوقۇق - مەنپەئەتتىن مەھرۇم قىلدى؛ ھۆكۈمەتتىكى مەنسەپلەرنى بايلار ۋە يۇقىرى قاتلام سىنىپىدىكىلەرگە تەئەللۇق نەرسە قىلىپ قويدى؛ ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق بايلارغا مەنپەئەت يەتكۈزدى؛ قورال - ياراغ زوراۋانلىقى قاتارلىق جىددىي سىياسىي، جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋەتتى.

ماقالىدە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: پۇل سىياسىيسى ئامېرىكا كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمى بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان سىياسىي شەكىل، شۇڭا مۇقەررەر ھالدا كاپىتالىستلارنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، بۇنداق تۈزۈم لايىھەسىدە، ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن سىياسىي ھوقۇقنىڭ باغلىنىشى تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، پۇل ناھايىتى ئاسانلا پارتىيە سىياسىي «زەنجىرى»نىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ، ئامېرىكىدىكى ئىككى چوڭ پارتىيەنىڭ نامزاتلىرى بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرىلا خالاس.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۇل سىياسىيسى ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ئامېرىكا ئىزچىل ئۆزىنى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ «ئۈلگىسى» دەپ پەش قىلىپ كەلدى، لېكىن ھەممە يەرنى قاپلىغان، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان پۇل سىياسىيسى ئامېرىكىنىڭ يالغانچىلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل ئېچىپ تاشلىدى. سىياسىينى پۇل ئىدارە قىلىدىغان ئامېرىكىدا پۇل بولمىسا سىياسىيغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى بارلىق مۇلاھىزىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ، پۇل سىياسىيسى «ئامېرىكىچە كىشىلىك ھوقۇق»نى رەھىمسىزلەرچە دەپسەندە قىلماقتا.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىگىلىلىك
كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۈچ دەرىجە بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى باشلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دۆلەت تۆلىمى ۋە ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلىك قىلىش ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، دۆلەت تۆلىمى، ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئىلمىي، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى. 2013 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى تۈرلۈك دۆلەت تۆلىمى دېلوسىدىن جەمئىي 419نى قوبۇل قىلدى، دېلونى ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 100% بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 2018 - يىلى ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش كومىتېتى قۇردى، شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش دېلوسىدىن 534 دېلودىكى 630 كىشىگە قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى قارار قىلىپ، 21 مىليون 158 مىڭ يۈەن ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش پۇلى تارقاتتى.

2019 - يىلى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار خىزمەت تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى شۆبە، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تۆلەم كومىتېتى ۋە ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش كومىتېتى تەسىس قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دۆلەت تۆلىمى بويىچە سوت قىلىشنى ۋە ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش خىزمىتى ئاپپاراتىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى تاكامۇللاشتۇردى. ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش كومىتېتى خىزمەت قائىدىسى، دېلو بېجىرىش تەپسىلىي پرىنسىپى قاتارلىق ئۈچ قېلىپلاشقان ھۆججەتنى چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش دېلولىرىنى تۇرغۇزۇش، تەكشۈرۈش، قارار چىقىرىش، ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش پۇلى تارقىتىش، دېلونى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئارخىپقا ئېلىشقا قاراتا تۈزۈملەشكەن قائىدە چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى دۆلەت تۆلىمى دېلولىرىنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، كۈچكە ئىگە بولغان دۆلەت تۆلىمى قارارى، بولۇپمۇ تۆلەم مەجبۇرىيىتى بار ئورگانلارنىڭ ئىجراسى ئارقىدا قالغانلىرىغا قارىتا، تۆلەم مەجبۇرىيىتى بار ئورگانلار بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ كۈچكە ئىگە بولغان دۆلەت تۆلىمى قارارىنى تېزدىن ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، دۆلەت تۆلىمىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئەدلىيە ئادىللىقىنىڭ ئىللىقلىقىنى نامايان قىلدى.

ئەكبەر ئېكرام مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى «تۆلەم بېرىشكە لايىقلىرىغا چوقۇم تۆلەم بېرىش، قۇتقۇزۇشقا بولىدىغانلىرىنى ئامالىنىڭ بارىچە قۇتقۇزۇش» «ياخشى ئىشنى ياخشى قىلىش» ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت مېخانىزمىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۈنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت تۆلىمى دېلولىرىنى قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش دېلولىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ يوقسۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتەك ئەدلىيەنىڭ ئادىمىيلىك جەھەتتىن كۆيۈنۈشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دۆلەت تۆلىمى بويىچە سوت قىلىش ۋە ئەدلىيەلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ھەققىي تۈردە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان كۆپ مەنبەلەشكەن، ئىنچىكىلەشكەن ئەدلىيە ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

«يىل بېشىدا ئائىلىمىزنىڭ ئون مو ئوتلۇقنى بىر كارخانا ئېلىپ ئىشلەتكەنىدى، 9 - ئاينىڭ بېشىدا بىز جىددىي پۇلغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ، بېشىمىز قېتىپ تۇرغاندا، ماڭا ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلىنىڭ ھېساباتقا كىرگەنلىكى توغرىسىدا تېلېفون كەلدى».

يەر ئېلىش تولۇقلىمىسىنى قەرەلىدە نەقلەشتۈرۈش مەسىلىسى ياكى يەر ئېلىش تولۇقلىمىسى ئۆلچىمى بويىچە تولۇقلىما بەرمەسلىك مەسىلىسى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۆپ، ئاغرىنىشى كۆپ بولغان مەسىلە ئىدى. ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈشنى مەخسۇس تۈزەش قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى مەسىلە يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لەر بىلەن يەر ئېلىش تولۇقلىمىسىنى تارقىتىش ئىشلىرى توغرىسىدا كۆپ قېتىم ئۇدۇللىشىپ كېڭىشىپ، دېھقان - چارۋىچىلار تولۇقلىمىسىنىڭ تولۇق تارقىتىلىپ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، توققۇز تۈر بويىچە قەرەلىدە نەقلەشتۈرۈلمىگەن يەر ئېلىش تولۇقلىمىسىدىن جەمئىي 2 مىليون 819 مىڭ 400 يۈەننىڭ ھەممىسى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قولىغا بېرىلدى.

تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونلۇق تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلەپ، تۈرلەرنىڭ تەپسىلىي تىزىملىك جەدۋىلىنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ھەل قىلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ جۇغلاپ، بۇ يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 17 تۈردىكى 45 مىليون 850 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك يەر ئېلىش تولۇقلىمىسىنى ھەل قىلىپ، يېرى ئېلىنغان ھەربىر دېھقاننىڭ قولىغا ۋاقتىدا تارقىتىپ بەردى.

ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلۈپ، پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىندى

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئۈرۈمچى ئۆي - زېمىن تەرەققىيات(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى 401 جايدىكى قۇرۇلۇۋاتقان ئىمارەتكە چېتىشلىق رەنىگە قويۇپ تىزىملاش رەسمىيىتىنى بېجىردى، بېجىرىلگەن كۈننىڭ ئۆزىدە تەكشۈرۈپ تىزىملاش تاماملاندى. بېجىرگۈچى ۋاڭ ئەپەندى مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى رەنىگە قويۇپ تىزىملاشنى بېجىرىشكە بىر ھەپتە كېتەتتى، ھازىر بېجىرگەن كۈننىڭ ئۆزىدە پۈتىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن. ھەقىقەتەن بارغانسېرى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، خەلققە قولايلىق بوپتۇ! رەنىگە قويۇپ تىزىملاشنىڭ تېزلىشىشى كارخانىمىزنىڭ مەبلەغ ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تەرەققىياتىمىزنى كۈچلۈك مەدەتكە ئىگە قىلدى».

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزى ئىش بېجىرىش ۋاقىت قەرەلىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم قىسقارتىپ، بىر تۈر پۈتسە بىر تۈرنى ئېلان قىلىش، بىر تۈرنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئادەتتىكى تىزىملاش ۋاقتىنى بەش خىزمەت كۈنىگە قىسقارتتى، رەنىگە قويۇش ھوقۇقىنى كىچىكلىتىپ تىزىملاشتا دەررۇ بېجىرىپ تۈگىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى، دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى تۇنجى قېتىم تىزىملاش ۋاقتىنى ئۈچ خىزمەت كۈنىدە بېجىرىپ تۈگىتىشكە قىسقارتتى، كارخانىغا چېتىشلىق رەنىگە قويۇش ھوقۇقى، شەخسىي رەنىگە قويۇش ھوقۇقىنى تۇنجى قېتىم تىزىملاش ۋاقتىنى ئايرىم - ئايرىم بىر خىزمەت كۈنى، ئۈچ خىزمەت كۈنىدە بېجىرىپ تۈگىتىشكە قىسقارتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش سىستېمىسىدىكى زۆرۈر بولمىغان تەرتىپلەرنى تازىلاپ، ئومۇمىي جەھەتتىن 36% ئىخچاملاپ، كارخانا، ئاممىنىڭ ۋاقتىنى تېجەپ، خەلققە قولايلىق بولۇش، كارخانىغا پايدىلىق بولۇشنى ھەققىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، سودا - تىجارەت مۇھىتىنى ئەلالاشتۇردى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، قۇتۇبى ناھىيەسىدىكى شۇاڭلۇڭ - شىڭفۇلى ئولتۇراق رايونىدىكى ئاھالە ساڭ شۆيۈن ئەمدىلا بېجىرگەن كۆچمەس مۈلۈك كىنىشكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «سېتىۋالغىلى بەش يىل بولغان ئۆينىڭ كىنىشكىسىنى ئاخىر ئالدىم، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ چوڭ قىيىنچىلىقىمىز ھەل بولدى». ساڭ شۆيۈنگە ئوخشاش كۆچمەس مۈلۈك كىنىشكىسىنى ئالغانلاردىن بۇ ئولتۇراق رايوندا ئولتۇرىدىغان يەنە 245 ئائىلىلىك ئۆي ئىگىسى بار.

قۇتۇبى ناھىيەلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش بويىچە تارىختىن قالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى مەخسۇس تۈزەشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، تۇرالغۇ ۋە يېزا - شەھەر قۇرۇلۇشى، پىلانلاش، ئوت ئۆچۈرۈش قاتارلىق تارماقلار بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، كۆپ قېتىم ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ ھەل قىلىش چارىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. بەش يىلغا سوزۇلغان، قېپقالغان مەسىلىلەر ھەل بولدى.

مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، پۇقرالار بىلەن كارخانىلارنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، يۆتكەش، تىزىملاش كەسپىنى ئەمدىلا بېجىرىپ بولغان چېڭ ئەپەندى مۇنداق دېدى: «مەن ئۆي - مۈلۈك بىناسىدا تولىمۇ ھاياجانلاندىم ۋە ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدىم. ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزىدىكى خىزمەتچى خادىملار چىن كۆڭلىدىن بىزنىڭ غېمىمىزنى يەيدىكەن، بىز ئالدىرىغانغا ئالدىرايدىكەن ھەم تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا ئىش بېجىرىدىكەن، ئۇلارغا رەھمەت».

بۇ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزى كۆزنەكلەرنى تەڭشىگەن ۋە كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاشتىكى بارلىق تەرتىپنى، مۇلازىمەت ئۆلچىمىنى بېكىتكەن، تاكامۇللاشتۇرغان ھەم مەدەنىي مۇلازىمەت سۆزى ئىشلىتىشنى قېلىپلاشتۇرغاندىن بۇيان، كەڭ كۆلەمدە ياخشى باھاغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ بىر كارتىنىسى. مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزى ئۇنىۋېرسال قوبۇل قىلىپ بېجىرىش كۆزنىكىنى 17دىن دەرھال 29غا كۆپەيتتى، ئەسلىدە 30 مىنۇتتىن ئارتۇق ساقلاشقا تېگىشلىك كەسپلەرنى ھازىر ئون مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتىلا بېجىرىپ بولغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزى كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاشنىڭ بارلىق تەرتىپىدىكى مۇلازىمەت ئۆلچىمىنى بېكىتتى، تاكامۇللاشتۇردى ۋە مەدەنىي مۇلازىمەت سۆزى ئىشلىتىشنى قېلىپلاشتۇردى، يەنە كەسپ ئىستىلىنى باھالىغۇچىلارنى زالدا چارلاپ تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلىش، سىن ئارقىلىق ھەرىكەت ھالىتىدە نازارەت قىلىپ تىزگىنلەپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا مەخسۇس ئادەم قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، تۇنجى سورىغۇچى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە بىر قېتىمدىلا ئۇقتۇرۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردى ھەم تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى نەتىجە - ئۈنۈمنى تەكشۈرۈپ باھالاشقا كىرگۈزدى. بۇ يىل، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ 27 قېتىم ياخشى باھاسى، 237 قېتىم ماختىشىغا ئېرىشتى.

«سىناپ بېقىش ئويىدا كەلگەنىدىم، قاراماي شەھەرلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى ئورقو رايونلۇق شۆبە ئىدارىسىنىڭ ناھايىتى تېزلا خىزمەتچى خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بىز ئۈچۈن كىنىشكا بېجىرىپ بېرىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن، ھەقىقەتەن قولايلىق ھەم قىزغىن ئىكەن، مەن بەكلا تەسىرلەندىم» دېدى قاراماي شەھىرى ئورقو رايوندىكى خۇڭچېڭ شىركىتىنىڭ خىزمەتچى خادىمى رازى بولغان ھالدا.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، قاراماي شەھەرلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى ئورقو رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى ئالدىراش كەلگەن خۇڭچېڭ شىركىتىنىڭ خادىملىرىنى كۈتۈۋالدى، ئۇلار كۆچمەس مۈلۈكنى يۆتكەپ تىزىملاش ئىشىنى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلگەنىدى. شۆبە ئىدارە بۇ ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، دەرھال كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش خىزمەتچى خادىملىرىنى رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى تارمىقى بىلەن ئۆي - مۈلۈك سودىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىشىنى ماسلاشتۇرۇپ، كارخانا ئۈچۈن كۆچمەس مۈلۈك كىنىشكىسىنى ئالدىن بېجىرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. بېجىرىش داۋامىدا بۆلەك يەر خەرىتىسىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەت ئىگىسىنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىنى بايقاپ، يەنە ئۆلچەش - سىزىش شىركىتى بىلەن جىددىي ئالاقىلىشىپ قايتىدىن خەرىتە سىزدۇردى، بۆلەك يەر قەغەز خەرىتىسى تېخى سىزىلمىغان ئەھۋالدا، كەسكىنلىك بىلەن كەم ماتېرىيالنى قالدۇرۇپ قوبۇل قىلىپ بېجىرىش مېخانىزمىنى قوزغىتىپ، ئۆلچەش - سىزىش شىركىتى ئەۋەتىپ بەرگەن بۆلەك يەر خەرىتىسىنىڭ تەسۋىر كۆچۈرۈش سۈرىتىگە ئاساسەن، كارخانا ئۈچۈن يۆتكەپ تىزىملاشنى بېجىرىپ بەردى، كارخانا ئوڭۇشلۇق ھالدا كۆچمەس مۈلۈك كىنىشكىسىنى ئالدى.

قاراماي شەھەرلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى ھەربىيلەر، ياشانغانلار، ئاجىزلار، كېسەللەر، مېيىپلەر، ھامىلدارلار قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپىغا قارىتا مەخسۇس مۇلازىمەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، تېز مۇلازىمەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئىللىق مۇلازىمەت قىلدى. ھازىرغا قەدەر، قاراماي شەھەرلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى 300دىن ئارتۇق ئاممىنى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش بىلەن تەمىنلىدى.

مەتىمىننىڭ ياخشى كۈنلىرى كەلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇلارنى ھېسابلاپ بولغاندىن كېيىن مەتىمىن كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «پەقەت ئەمگەكلا قىلساق، كۈنلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن».

پاراڭلىشىۋاتقىنىمىزدا ئۈستەلگە پېچىنە - پىرەنىك ۋە قۇرۇق مېۋىلەر لىق تىزىلىپ كەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەتىمىن ھېلىلا بازاردىن ئېلىپ كەلگەنىدى. ئىلگىرى بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى پەقەت بايراملاردىلا كۆرگىلى بولاتتى. پاشاخان: ھازىر ئوغلۇم بەك ئىشچان بولۇپ كەتتى، كۈنلىرىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دېدى. ھايال ئۆتمەي پاشاخان بىر كۆك رەڭلىك ئۇزۇن كۆينەكنى ئالماشتۇرۇپ چىقتى، ئۇ بەكلا چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. «بۇنى ئوغلۇم تۇنجى ئايلىق مائاشىنى ئالغاندا ئېلىپ بەرگەن.» ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە ئايلىنىپ كۆرسەتتى، ئۇنىڭ چېھرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى.

ئەسلىدە مەتىمىن كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، تۇنجى ئايدىلا 3800 يۈەن پۇل تاپقانىدى. ئۇ ئاپىسى، خوتۇنى ۋە بالىسىنىڭ ھەربىرىگە بىر قۇردىن يېڭى كىيىم ئېلىپ بەرگەن، خوتۇنىغا يېڭى يان تېلېفون ئالماشتۇرۇپ بەرگەنىدى. كېيىنكى نەچچە ئايدا، كىرىمى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر ئايدا 8000 يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلغان. ئۇ ھويلىسىنى قاتتىقلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە زامانىۋى، مودا ئۆي جاھازلىرىنى سېتىۋالغان. «دەسلەپتە باشقىلارغا ئىشلىدىم، ھازىر ئۆزۈم ئون نەچچە ئىشچىنى باشلاپ ئىش قىلىۋاتىمەن.» مەتىمىن ئۆزى ئەمگەك قىلىپ پۇل تاپسا ھەقىقەتەن ياخشى بولىدىكەن، دېدى.

ھالبۇكى، ئىلگىرى مەتىمىن بۇنداق قارىمايتتى...

ئىلگىرى ياخشى كۈنلەر «ئاسماندىن چۈشىدۇ» دەپ ئويلاش

مەتىمىن 16 ياش ۋاقتىدا دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، ھەدىسىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا، ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى زىممىسىگە ئالغان. كىچىكىدىن باشلاپ دادىسىغا ئەگىشىپ ئۆگەنگەن لايچىلىق ۋە ياغاچچىلىق ھۈنىرىگە تايىنىپ، ئۇ كەنتتە بىر تەرەپتىن كۈنلۈك ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن يەر تېرىپ، خېلى يامان ئەمەس كۈن كەچۈرگەن.

ھالبۇكى، كېيىنكى بىر قېتىملىق كەچۈرمىش ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

2014 - يىلىنىڭ بىر كۈنى، مەتىمىن بىر كەنت ئاھالىسىنىڭ قوي قوتىنىنى رېمونت قىلىپ بېرىۋاتقاندا، بىر تەرەپتىن تاماكا چەككەچ، بىر تەرەپتىن ئىشلىگەن. ئۇ كەنت ئاھالىسى بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خاپا بولغان ھەم ئۇنىڭغا «ھەقىقىي مۇسۇلمان تاماكا چەكسە، ھاراق ئىچسە بولمايدۇ، سەن بۇنداق قىلساڭ ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا كىرىسەن» دېگەن. كېيىن ئىش تۈگىمەيلا مەتىمىننى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتكەن. دەسلەپتە مەتىمىن بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان، كېيىن ئۇنىڭغا گەپ قىلىدىغانلار كۆپەيگەن، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ ئاغرىپ قېلىشىنى «خۇدا»نىڭ ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى جازالىغانلىقى، دېگەن.

بارا - بارا مەتىمىن بۇلارغا ئىشىنىشكە باشلىغان. ئۇ «ھەقىقىي مۇسۇلمان» ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە تەلەپ قويۇپ، تاماكىنىمۇ، ھاراقنىمۇ تاشلىغان. ناخشا ئېيتمايدىغان، ئۇسسۇل ئوينىمايدىغان بولغان... كەنتتە مودا كىيىنگەن ئاياللارنى كۆرسە، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغان. ئۇ يەنە خوتۇنىدىن سىرتقا چىققاندا جەزمەن نىقابلىق كىيىم كىيىشنى تەلەپ قىلغان... «ئۇ چاغلاردا كۈنلىرىمىزنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنى ‹خۇدا› بەرگەن، شۇڭا يېتەرلىك ‹ئىخلاسمەن› بولساقلا، كۈنلىرىمىز چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دەپ قارايتتۇق. سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەتىمىن خىجىللىقتىن بېشىنى تاتىلىغىنچە مۇنداق دېدى: ئىلگىرى ئەتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى ئەزەلدىن ئويلىمايتتۇق، بىر كۈن ئۆتسە، بىر كۈن ھېساب، دەيتتۇق.

گەرچە تۇرمۇشى نامرات بولسىمۇ، مەتىمىن كەنت كادىرلىرىنىڭ ياردىمىنى يەنىلا رەت قىلغان، كەنت كادىرلىرى كۆپ قېتىم ئۇنىڭغا ناھىيەگە بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئاپىسىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى باھانە قىلىپ، سىرتقا چىقىشقا ئۇنىمىغان. «سىرتقا چىقسام مۇسۇلمانچە ئەمەس نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىمەن» دەيتتى مەتىمىن. ئاخىرىغا بارغاندا ئۇ ئېتىزغىمۇ بارمايدىغان بولغان. ئائىلىسىدىكى 30 مو يەرنىڭ ئىشىنى ئاپىسى يالغۇز قىلىپ يېتىشەلمىگەچكە، نۇرغۇن يەر ئاق قالغان.

شۇنداق قىلىپ، مەتىمىن ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ناچارلاشقان.

ئاپىسى پاشاخان بۇنى كۆرۈپ تىت - تىت بولغان. ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ، كەنت كادىرلىرىنى ئىزدەپ، ئوغلىغا بىرلىكتە نەسىھەت قىلغان. 2017 - يىلى، مەتىمىن يەكەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كەلگەن، بۇ يەردە ئۇ ئاستا - ئاستا ئويغانغان.

تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەش

مەتىمىن مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىپ، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. «ياخشى كۈنلەر ئاسماندىن چۈشمەيدىكەن، چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگەككە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك ئىكەن.» ئۇ كاللامدىكى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى چىقىرىپ تاشلىدىم، ھازىر كۆرەش قىلىش يۆنىلىشىم بار بولدى، دېدى.

يېقىنقى نىشاندا، مەتىمىن كېلەر يىلى بىر نىمكەش ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بېرىپ باققان ئەڭ يىراق جاي قەشقەر شەھىرى ئىكەن. ئۇ: كېيىنچە پۇل يىغىپ، ئائىلەمدىكىلەرنى ئېلىپ تېخىمۇ كۆپ جايلارنى ساياھەت قىلىمەن، دېدى.

مەتىمىننى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرغىنى شۇ بولدىكى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ئۆگىنىش ئۇنى مۇقىم كىرىمگە ئىگە قىلغاندى. «ئىلگىرى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشنى چەتكە قاقاتتىم، ھازىر ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ شۇقەدەر مۇھىملىقىنى بىلدىم.» مەتىمىن: ئەسلىدە ئازراقمۇ بىلمەيتتىم، ھازىر دۆلەت ئورتاق تىلىدا ئالاقە قىلىشىم ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشۇمدا چاتاق يوق، دېدى.

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، كەنت كادىرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، مەتىمىن بىر خەنزۇ خوجايىنغا ئەگىشىپ چىرتيوژنى قانداق كۆرۈشنى، ئۆينى قانداق سېلىشنى ئۆگەندى. تىرىشچانلىقى ۋە ئىلگىرىكى تېخنىكا ئاساسىغا تايىنىپ، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆينى قانداق سېلىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئىككى ئايدىن كېيىن مەتىمىن ئون نەچچە ئادەمنى باشلاپ قۇرۇلۇشنى ئۆز ئالدىغا ھۆددىگە ئالدى.

بۇ ئون نەچچە ئادەمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى نامرات ئاھالە ئىدى. «بەزىلىرى ئەمدىلا تېخنىكا ئۆگىنىشكە باشلىغانلار بولۇپ، ھەر كۈنى 150 يۈەن تاپىدۇ، تېخنىكىغا پىششىقلىرى ھەر كۈنى 200 يۈەن تاپالايدۇ.» مەتىمىن مۇنداق دېدى: ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى ياخشى، ئىگىلىك تىكلەشكە مەدەت بېرىۋاتىدۇ، دېدى. ئۇ بىر كەسپىي قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭ قۇرۇلۇشلارنى ھۆددە ئېلىپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)